# 128221 ـ تۇتقاقلىق كېسەللى بار كىشى، توي قىلماقچى بولغان قىزغا بۇنى بىلدۈرۈش كېرەك بولامدۇ؟

**سۇئال**

مەن بالاغەتكە يەتكەندىن بىرى تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم، لېكىن مەن دائىم داۋالىنىپ تۇرغاچقا كۆنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن كېسەللىك ئاخىرلىشىدۇ دەپ ئويلىغان بولساممۇ لېكىن كېسەلىمنى تەكشۈرۈپ داۋالاۋاتقان دوختۇر كېسىلىمدىن 90% مىقداردا ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. مەن توي قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، بۇ ئەھۋالنى توي قىلماقچى بولغان قىزغا تولۇق بىلدۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

توي قىلماقچى بولغان يىگىت؛ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ياكى ئائىلە ـ پەرزەنتلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى تۇرغۇزۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ياكى ئايالنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئىچكى ـ تاشقى بارلىق ئەيىپلەرنى قىزغا ئوچۇق بايان قىلىش كېرەك بولىدۇ، ئۇنى يوشۇرۇش توغرا بولمايدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەر-ئايالنى بىر-بىرىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان، نىكاھتىن بولغان كۆيۈنۈش، ياخشى كۆرۈش ۋە مېھرى-مۇھەببەت ھاسىل بولمايدىغان ھەر قانداق ئەيىب بولسا ئەر-ئايال ئىككەيلەننىڭ تاللاش ئىختىيارلىقى ۋاجىپ بولىدۇ ". [زادىل مىئاد 5 ـ توم 166 ـ بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "توغرىسى نىكاھتىن بولغان بارلىق مەقسەتلەرنى يوق قىلىدىغان نەرسە ئەيىبتۇر، ھەقىقەتەن ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىدىن ھۇزۇرلىنىشى، خىزمىتىنى قىلىشى ۋە پەرزەنتلىك بولىشى نىكاھنىڭ مۇھىم مەقسەدلىرىدىندۇر، ئەگەر بۇ ئىشلاردىن چەكلەپ قويىدىغان نەرسە تېپىلىدىكەن بۇ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر ئەر كىشى تۇغماس بولسا ياكى ئايال كىشى تۇغماس بولسا، بۇ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ" ["شەرھىل مۇمتىئ" 12 ـ توم 220 ـ بەت].

شەيخ سالىھ پەۋزاندىن: مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار، لېكىن بۇ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشتى، بىر ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن بۇ ئىشنى قىزغا بىلدۈرۈش كېرەكمۇ ياكى بىلدۈرمىسىمۇ بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دىگەن: شۇنداق، قىز-ئوغۇل ھەر ئىككەيلەن توي

قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىدە بار بولغان ئەيىپلەرنى بايان قىلىشى كېرەك، چۈنكى بۇ سەمىمىيلىكتۇر، شۇنداقلا ئىككەيلەننىڭ ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەتنىڭ ھاسىل بولىشىغا، تالاش-تارتىشنى يوق قىلىشقا، بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ ياشاشقا يېقىندۇر، بىر-بىرىنى ئالداش ۋە ئەيىپلەرنى يوشۇرۇش توغرا بولمايدۇ". [شەيخ پەۋزان پەتىۋالىرىدىن تاللانما].

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: سىز توي قىلماقچى بولغان قىزغا توي قىلىشتىن بۇرۇن ئەھۋالىڭىزنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىشىڭىز، ئالداش ۋە يوشۇرۇشتىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالادىن سىزنىڭ بارلىق كېسەللىرىڭىزگە شىپالىق بېرىشىنى سورايمىز .ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.